# 11026 ـ قۇرئان ئايەتلىرىنى يېزىپ، ئۇنى بەدىنىگە ياكى باشقا جايلىرىغا ئىسقىلىش توغرىسىدا

## سوئال

قۇرئان ئايەتلىرى ۋە زىكرلەرنى ۋاراقلارغا يېزىپ، ئۇنى مەيدىسىگە ياكى باشقا جايلىرىغا ئىسقىلىش ياكى قاتلاپ چىشىنىڭ ئاستىغا قويۇقىلىش ياكى شەرئى دۇئالاردىن تۇمار پۈتۈپ، ئۇنى تېرىگە ئوراپ كۆرپىنىڭ ئاستىدا ياكى باشقا ئورۇنلاردا قويۇپ قويسا توغرا بولامدۇ؟ قۇرئان، زىكىر ۋە دۇئالاردىن تۇمار پۈتۈپ ئېسىۋالسا توغرا بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى ياكى شەرئى دۇئالار يېزىلغان ۋاراقلارنى بەدىنىگە ياكى باشقا ئورۇنلارغا ئىسقىلىش ياكى ئۇنى كۆرپىنىڭ ئاستى دېگەندەك ئورۇنلارغا قويۇش قەتئى توغرا بولمايدۇ، چۈنكى بۇنىڭ ھەممىسى شەرئەتتە چەكلەنگەن تۇمار ئېسىشنىڭ جۈملىسىدىن ھېسابلىنىدۇ. بۇ توغرىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: كىمكى تۇمار ئېسىۋالىدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئىشىنى پۈتتۈرمەيدۇ.

يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: ئېيتقۇسىز بولغان رۇقيە ئوقۇش، تىلتۇمار ئېسىش ۋە سېھىر قىلىدىغان نەرسىلەرنى ئېسىش ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلىكتۇر.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.